# سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخشۇناسلىرىنىڭ يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ياقۇپبەگ ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىغا قىسقىچە باھا

پەن جىز پىڭ

ياقۇپبەگ مەسىلىسى باشتىن - ئاياغ سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخشۇناسلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلمەكتە. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخ تەتقىقاتى جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش يولىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ①، ياقۇپبەگ مەسىلىسى ئۇلارنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. خۇددى ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك: «سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگودىكى خەنزۇ ئەمەس مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلىدى. سوۋېت ئالىملىرى جۇڭگودىكى خەنزۇ ئەمەس مىللەتلەرنىڭ تارىخىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئالاھىدە توھپە ياراتتى». بۇ ماقالىدا سوۋېت تارىخشۇناسلىرىنىڭ پەقەت يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ياقۇپبەگ ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن «ئالاھىدە توھپە»لىرى زادى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە، ماقالىدا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تەھلىل قىلىپ، باھا بېرىلىدۇ. ماقالە تارىخچىلارنىڭ ياقۇپبەگنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، سوۋېت تارىخشۇناسلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئەستايىدىل رەددىيە بېرىشى ئۈچۈن ئۇلارنى مەلۇم يىپ ئۇچى ماتېرىياللارغا ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## (1)

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا، سوۋېت تارىخشۇناسلىرى ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈستىدە قاتتىق پەن ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

1. ياقۇپبەگ «رەھىمسىز ۋە ھوقۇق خۇمار قارا نىيەت». «ئۆزبەك، قازاق، ئۇيغۇر

ئالىناتارلىق ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ بۇ قەبىھ دۈشمىنى، كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ شەرقىي تۈركىستان بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق»؛ ئۇ «ئەنگلىيە ۋە تۈركىيەنىڭ گۇماشتىسى»؛ «ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ «قورچىقى»، «غالچىسى» ياكى ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، «ئۇ ئەنگلىيە ۋە تۈركىيەلەرنىڭ ئىشپىيونى» ②.

2. ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى «ئوتتۇرا ئاسىيا، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستانلاردىكى بارلىق تەكشىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەركىزى»؛ «فېئودالىق ۋە ئىلاھىي ھوقۇقلارغا ئىگە بولغان»؛ «بۈيۈك ئىسلامىزىم خانلىق دۆلىتى» ③؛ «ئۇيغۇر - قوقان گۇرۇھىدىكى پومىشچىك ئاق سۆڭەكلەر، ھەربىي قوشۇنلار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىسلام مۇرتىلىرى ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى» ④؛ «ياقۇپبەگنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مالىيە ۋە ھەربىي تارماقلىرىدىكى ئەمەلدارلار سانىنىڭ ئەڭ كۆپ» بولۇشى، «ياقۇپبەگ خانلىق دۆلىتىنىڭ ھەربىي فېئودالىق دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ»؛ ئۇنىڭ «ئاساسىي ۋەزىپىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى باستۇرۇشتىن ئىبارەت» ⑤؛ «بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ قارىسىغا قىلغان ھۆكۈملىرىنىڭ ئەكسىچە، ياقۇپبەگ دۆلىتى قۇدرەت تاپقانمۇ ئەمەس، مۇستەقىل دۆلەتمۇ ئەمەس»، پەقەت «ئەنگلىيىنىڭ شەرقتە كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بېرىشتىكى قورالى» دىنلا ئىبارەت، ئاتالمىش «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى، قەشقەر دۆلىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى، قۇدرىتى توغرىسىدىكى ھۆكۈملەر ھەر قانداق تەنقىدتىن ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ» ⑥.

3. ياقۇپبەگنىڭ بارلىق سىياسەتلىرى «مەيلى ئىچكى ياكى تاشقى سىياسىتى بولسۇن، پۈتۈنلەي خەلققە قارشى خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، فېئودداللار مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ» ⑦؛ «فېئودالىق ئېكسپىلاتاتسىيىنى قوغدايدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ» ⑧؛ ياقۇپبەگنىڭ ئالۋاڭ - ياساقلىرى «كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە يەتكەن» ⑨ ۋە «بۇ ئالۋاڭ - ياساقلارنىڭ ھەممە ئېغىرلىقى پۈتۈنلەي كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن»، «نەتىجىدە «خەلق ئىگىلىكى خانىۋەيران بولۇش دەرىجىسىدە ئاخىرلاشقان»، «كىشىلەرنىڭ قىز - ئوغۇللىرىنى سېتىشى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغان» ⑩؛ «ياقۇپبەگنىڭ خانلىق دۆلىتىدە خالىغان ئاسات سەۋەپلەر بىلەن رەھىمسىزلەرچە ئاپ - ئاشكارا ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇشلار، ئەمگەكچىلەرنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھالدا تالان - تاراج قىلىشلارنىڭ كۆلىمى مىسلىسىز دەرىجىگە يەتكەن» ⑪؛ «يالغۇز بۈيۈك ئىسلامىزىم سىياسىتى ھەتتا بەزى فېئوداللارنىمۇ بىزار قىلغان» ⑫.

قىسقىسى، «ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللار، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بالايى - ئاپەتلىك يىللار بولۇپ قالغان»، «ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى چېكىدىن ئاشقان»، «بەزى چاغلاردا ئاھالىنىڭ خەنزۇ قوشۇنلىرىنى گويا ئۆز نىجاتكارلىرىنى قارشى ئالغاندەك كۈتۈۋېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇندىدا» ⑬.

4. تاشقى سىياسەت جەھەتتە ياقۇپبەگ «باشتىن-ئاياق ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭ بېقىندىسى تۈركىيىگە تايىنىپ كەلگەن»، «چىن دىلىدىن ئەنگلىيىلىكلەر ۋە تۈركىيە جاسۇسلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان» ⑭ ،

ئەنگلىيە «ياقۇپبەگنى روسىيىگە قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقان» ⑮ ؛ «ئىنچىل تۈرك پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇنى روسىيىگە قارشى تۇرۇش بازىسىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان» ⑯ دەپ ئېيىپلەنگەن. ياقۇپبەگ «روسىيىگە قارىتا دۈشمەنلىك ھەرىكەت قوللاندى»، «رۇس قوشۇنلىرى بۇخاراغا يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە، «تەھدىت سېلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى» ⑰ ۋە «روسىيە بىلەن بولىدىغان بارلىق سودىنى توختاتتى» ⑱ دەپ ئېيىپلەنگەن. «روسىيىنىڭ ئىلى رايونىنى ۋاقىتلىق بېسىپ تۇرۇشى» ۋە «جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرا رايونلىرىدىكى قوزغىلاڭنىڭ بېسىقتۇرۇلۇشىنى ئۈمىت قىلىشى»، «ياقۇپبەگ ۋە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ سۈيىقەستىنى تار-مار قىلىپ، روسىيە تەۋەسىدىكى قازاق ۋە قىرغىزلار ئىچىدە توپىلاڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بانىلارنى تۈگىتىپ، روسىيىنىڭ جۇڭگو غەربىي چېگرا رايونلىرى ئارقىلىق سىردا ئالاقە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش» ⑲ بىلەن ئاخىرقى ھېساپتا «روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ قەشقەرىيە ۋە شىنجاڭغا ئىچكىرىلەپ كىرىش پىلانىنى تار-مار قىلىپ، ياقۇپبەگ دۆلىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىدى» ⑳ .

بۇنىڭدىن بىز ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت تارىخشۇناسلىرىنىڭ ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز ئانچە تەس ئەمەس. ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلىشلىرى 50-يىللارنىڭ باشلىرىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ناھايىتى داغدۇغا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق سىياسىي پىپەن ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ھەرىكەت «سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى توغرا شەرھىلەپ بېرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن شوئار ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا يۈز بەرگەن روسىيىگە قارشى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇمىيۈزلۈك پىپەن قىلىنغان ئىدى.

شۇنى كۆرۈۋېلىش لازىمكى، بۇ خىل پىپەنلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى چار روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئۇنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشىنى پەدەزلەشتىن ئىبارەت ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تارىخ مەسىلىلىرى» ژۇرنىلى سوۋېت ئالىملىرىنى «ئۇلۇغ رۇس خەلقى، ئىنىڭ ئۆتمۈشتە ۋە ھازىر ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆرسەتكەن «خالىس زور ياردەملىرىنى شەرھىلىشى تولۇق بولمىدى» ㉑ دەپ ئۇلاردىن قايتا-قايتا نارازى بولغان ۋە سوۋېت ئالىملىرى «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ روسىيىگە قوشۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيىتىگە قىزغىن

ئاھا بېرەلمەيدۇ» (22) دەپ قايتا-قايتا ئېيتىلغان ئىدى. سوۋېت ئالىملىرى ھەر خىل
پارىلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاننىڭ «ئۆز ئىختىيارى بىلەن» روسىيىگە قوشۇ-
لۇشى «بىردىن-بىر توغرا يول» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. ئۇلار ئاتالمىش
روسىيىگە مايىل قاچقىن «دا تۇرغانلارنى «ئىلغار، تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر» دەپ مەدھىيىلەپ،
روسىيىنىڭ بويسۇندۇرۇشىغا نىسبەتەن «دۈشمەنلىك كەيپىياتتا» بولغانلارنى «شەرق فاقچىپ-
پىغا مايىللارنىڭ ۋەكىلى» (23) دەپ قاتتىق ئېيىپلىگەن ئىدى. بۇنىڭ ئۆزى «ئەكس-
ئىيەتچىلىك» بىلەن «ئىنقىلاۋىي» لىقنىڭ (سوۋېت ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە) ئاخىرقى
ئۆلچىپىتا، روسىيىگە مايىل بولۇش ياكى قارشى تۇرۇش بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدىغانلىقىنى
بوئىرىسىتىپ بېرىدۇ. كېنەسارى قاسىموۋ 1837 - 1846 - يىللىرى قازاق خەلقىنىڭ
روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە قوشۇۋېلىشىغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىگە
رەھبەرلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن «رۇس خەلقىنىڭ دۈشمىنى» دەپ چاكىنىلىپ، مەملىكەت
دىچە ئېيىپلەنگەن ئىدى. سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ياقۇپبەگ روسىيىگە قارشى
ئالان كېنەسارىنىڭ ئوغلىنى «سەممىي قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ داۋاملىق روسىيىگە قارشى
ئاخش كۆرۈشىگە يول قويۇپ بەرگەن» (24). روشەنكى، بۇ ياقۇپبەگنىڭ ئەڭ زور جىنايىتى
ەشلى بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ تەلقىتكە ئۇچرىشىدىكى موھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولدى.
دول گەرچە بۇ بىر قېتىملىق پېچەن ھەرىكىتى ئارقىلىق بەزى بىر قىسىم تارىخىي مەسىلە-
ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل خاراكتېرى، تاشقى
پېسچكى سىياسەتلىرىنىڭ خەلققە قارشى ماھىيىتى مەلۇم دەرىجىدە ئاشكارىلانغان بولسىمۇ،
وتتە بەزى كوز قاراشلار بىر تەرەپلىمە، ھەتتا خاتا ئىدى. مەسىلەن، ياقۇپبەگكە «ئەنگلىيە،
ئىتتىيە ئىشپىيونى» قالپىقىنى كەيگۈزۈش ئانچە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس
تى ياقۇپبەگنى ئەنگلىيىنىڭ «غالچىسى» دەپ قاتتىق سوكۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
لىلەتبەگنىڭ چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئېلىپ بارغان شەرمەندىلەرچە تىل بىرىكتۈرۈشلى-
تىدا كۈچىنىڭ بىرىچە يېيىش ۋە ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ
غا تاجاۋۇز قىلىش سۈيىقەستىنى ئېيىپلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا
غا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى ۋە ئىلىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىشىنى ئاقلاپ، قانداقتۇر
ئاھالىسى رۇس قوشۇنلىرىغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلغان» (25)، روسىيە قوشۇنلى-
«ئىلى سۇلتانلىقىنى ۋاقىتلىق بېسىۋېلىشى، نوخشلاشلا روسىيە ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
گە ئۇيغۇن» (26) دېگەن نەرسىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. باشقا دۆلەتنىڭ زېمىنىگە بېسىپ
ئۇلارنى بۇلاپ قىرغىنچىلىق قىلىپ تۇرۇغلۇق، قاپ-قارىسىغا شۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە
دېيىش ھەرگىزمۇ ماركسىزمچىلاردا بولىدىغان پوزىتسىيە ئەمەس. «ئەدەپ» دېگەنگە
، روشەنكى، بۇنىڭ ھېچقانداق تارىخىي ئاساسى يوق. چاررۇسىيە گېنېرالى تېرېنتيېۋ-

نىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بويسۇندۇرۇلۇش تارىخى» دېگەن كىتاۋى بىر تارىخنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىتاپتا خاتىرىلىنىشىچە، چاررۇسىيىنىڭ تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق گۇبېرناتورى كائۇفمان «ھۇجۇم قوزغاپ تارانچىلارنى جازالاش، ئۇلارنى روسىيە ھاكىمىيىتى ۋە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان قىلىش لازىم» ㉗ دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئىلىدىكى ئارمىيە ۋە خەلق چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرغان. «تۇرغۇزۇلغان تېرى ۋە ياشلار سېپىگە ئاتلىنىپ» ㉘، «تاجاۋۇزچىلارنى زور چىقىمغا ئۇچراتقان» ㉙. جۇڭگونىڭ ئىلى رايونىدىكى ئارمىيە ۋە خەلقىنىڭ «كام ئۇچرايدىغان قەيسەرلىكى» ئالدىدا تاجاۋۇزچىلىق جېڭىگە بىۋاستە قاتناشقان تېرېنتيېۋمۇ «جەڭ سوزۇلماقتا، ئاتلىق قوشۇنلار بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پىيادە قىسىملار بىلەن بولغان نۇرغۇن قېتىملىق قىلىچۋازلىق جەڭلىرى تارانچىلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشقا قابىل خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى» ㉚ دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

قىسقىسى، بىز ئۇلارنىڭ تەرغىپ قىلىپ كېلىۋاتقان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن روسىيىگە قوشۇلۇشى»، «چاررۇسىيىنىڭ ئىلىنى بېسىۋالمىشى بىرالازق» ۋە «چاررۇسىيىگە قارشى تۇرۇش ئەكسىيەتچىلىك» دېگەنگە ئوخشاش نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن ئەنئەنىۋى خاراكتېرگە ئىگە بولغان رۇس شوۋىنىزمىنىڭ قانچىلىك ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. گەرچە ئۇلارنىڭ ياقۇپبەگ ئۈستىدە ئېلىپ بارغان پىكىرلىرىنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەرەپلىرى بولسىمۇ، لېكىن ماركسىزم دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

( 2 )

60 - يىللاردىن بۇيان، سوۋېت تارىخشۇناسلىرىنىڭ ياقۇپبەگ ئۈستىدىكى تەتقىقاتى كۆز قاراش جەھەتتە تۈپتىن ئۆزگەردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۈيۈك قامۇسىنى مىسالغا ئالساق، 1956 - يىلى چىققان ئىككىنچى نەشرىدە يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى «ياقۇپبەگ گۇرۇھى» «خانلىق دۆلىتى» دېيىلگەن بولسا ㉛، 1978 - يىلى چىققان ئۈچىنچى نەشرىدە ياقۇپبەگنى «مۇستەقىل دۆلەت» نىڭ ھۆكۈمرانى ㉜ دېيىلگەن. ئەگەر سوۋېت ئالىملىرى تونۇغۇنلا ياقۇپبەگنىڭ خەلققە قارشى بولغان ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىگە زور قىزىقىش بىلەن قاراپ كەلگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر زور ئىشتىياق بىلەن ياقۇپبەگ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي دۆلىتىنى «گۈللەندۈرگەن» ㉝ دېمەكتە. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرى كېلىدۇكى: ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش تەتقىقاتنىڭ ئىلمىي جەھەتتە چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى سىياسىي ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بەلگىلەنگەن، سىياسىي جەھەتتە

جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشىنىڭ بالداقمۇ - بالداق ئورلىشىگە ئەگىشىپ، سوۋېت تارىخ ئىلمى ساھاسىدىكى ئەسەرلىنىڭ ياقۇپبەگ ئۈستىدىكى باھالىرى مۇرەككەپلەشمەكتە . بۇ كۆز قاراشلارنى بايان قىلىشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ خىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 . ياقۇپبەگنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىش :

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسلىرى، تارىخ ئىلمى نوپۇزلۇق-لىرى مۇشۇ خىل نەزەرىيە تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاساسلىق ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

( 1 ) سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارى، سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيە-سىنىڭ ئاكادېمىگى تىخۋىنسكىنىڭ «جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى» دېگەن مەخسۇس ئەسىرى، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «روسىيە - جۇڭگو چېگرىسىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى» (34) دېگەن ئىلمىي ماقالىسى؛

( 2 ) سوۋېت تارىخشۇناسلار مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ باش رەئىسى ژۇكوۋنىڭ مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان، سوۋېت ئىتتىپاقى يىراق شەرق مەسىلىلىرى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى سلادكوۋسكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى نارودىنسكى قاتارلىقلار بىرلىشىپ يازغان «يىراق شەرقنىڭ خەلقارا مۇناسىۋەتلەر تارىخى» دېگەن ئەسەر ( 1973 )؛

( 3 ) پروخوروۋنىڭ «سوۋېت - جۇڭگو چېگرا مەسىلىلىرى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى؛

( 4 ) گورىيۇسىنىڭ بىر قانچىلىغان ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە باشقىلار؛

ياقۇپبەگنى قاتتىق سوكۇشتىن، ئېھتىياتچانلىق بىلەن پىپەن قىلىشقا ئۆتۈش — ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئالاھىدىلىك .

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ «روسىيىگە قارشى سىياسەت يۈرگۈزۈشىدىكى قورالى» (35) دېيىش ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدىكى مەركىزىلىك كۆز قاراش .

چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى «باشتىن - ئاياغ توغرى» دېيىش ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئالدىنقى شەرت.

ئۇلار ئەسەرلىرىدە، دەسلەپتە، چارروسىيە ھۆكۈمىتى «قىلچە ئىككىلەنمەي، ئارىلاشماسلىق مەيدانىدا قەتئىي تۇرۇشنى بەلگىلەپ، خەنزۇلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئارىلاشمىغان». چارروسىيە ھۆكۈمىتى يەتتە شەھەر دۆلىتىنى «مۇستەقىل دەپ ئېتىراپ قىلماي، ئۇنى جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى دەپ قارىغان» (36). مەسىلە شۇ يەردىكى، ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا روسىيىنىڭ سودا كارۋانلىرىنىڭ سودىسى «توختاپ قېلىش ھالىتىگە

چۈشۈپ قالغان» (37)، شۇنداقلا ياقۇپبەگنىڭ «قىرغىز، قازاق ئاھالىلىرى ئىچىدە رۇسىيىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى»، «ھەتتا رۇسىيىنىڭ يېڭى زېمىنى يەتتە سۇ ئۈستىدە زېمىن تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى»، «رۇسىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسى مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرگەن» (38). بۇ ھال «قازاقىستان ۋە سىبىرىيىدىكى رۇسىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرى جۇڭغارىيە ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئارىلىشىشقا مەجبۇر بولۇشىغا سەۋەب بولغان» (39)، «مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چارروسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ ئىمپىرىيىسىگە ياردەم بېرىشنى قارار قىلغان» (40)، «چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋېلىشىدىكى مەقسىدى قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زېمىنلىرىغا يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جۇڭگو ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىدە مەنپەئەتلىك بولغان سودا مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ياقۇپبەگنىڭ ئىلىنى ئىگەللىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگنى ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قورالى قىلىشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى» (41) دېيىلگەن.

ياقۇپبەگنىڭ «روسىيىگە قارشى تۇرۇشى» بىلەن، روسىيىنىڭ جۇڭگوغا «ياردەم بېرىش» يۈزىسىدىن ئىلىنى ۋاقىتلىق ئىشغال قىلىپ تۇرۇشتا «مەجبۇر بولغان»لىقىدىن چارروسىيەنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىشى «جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغانلىق» ۋە جۇڭگو خەلقى بىلەن بولغان «دوستلۇقى» نىڭ ئىپادىسى دېگەن بىر يەكۈن چىقىدۇ-دە، ياقۇپبەگ ئەلۋەتتە سۆزسىز ئىنكار قىلىنىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرى كېلىدۇكى، 50-يىللاردىكى ئىنكار قىلىش بىلەن ھازىرقى ئىنكار قىلىشنى سېلىشتۇرغاندا، ئىككىسى پەرقلىق. «ئالدىنقىسىدا، ئاساسەن ياقۇپبەگنىڭ فېئوداللىق ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى تەكىتلىنىپ ئىنكار قىلىنغان بولسا، كېيىنكىسىدە پۈتۈنلەي ياقۇپبەگنىڭ كەچۈرگۈسىز ھالدا «روسىيىگە قارشى» تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىنكار قىلىنغان.

ھازىر ئىنكار قىلىش نەزىرىيىسىدىكى بۇ خىل ئەسەرلەر مەخسۇس ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى تەتقىق قىلىپ بايان قىلىدىغان ئەسەرلەر بولماستىن، بەلكى چارروسىيىنىڭ «ئىزچىل توغرا» دىپلوماتىيە سىياسىتى شەرھىلەنگەن يىرىك ئەسەرلەردىلا ياقۇپبەگ قوشۇمچە سۆزلەپ ئۆتۈلگەن. ناھايىتى روشەنكى، بۇ ئەسەرلەر ئاپتورلىرىنىڭ قارىشىچە ياقۇپبەگنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى چارروسىيىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ توغرى بولۇش-بولماسلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كارى چاغلىق بىر ئىش.

2. ياقۇپبەگنى ئومۇمىيۈزلۈك مۇئەييەنلەشتۈرۈش:

بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قارىتىلغان ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىدىكى رەزىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئالمۇتا، تاشكەنت قاتارلىق جايلىرىدىكى رادىيو ئىستانسىلىرى ۋە گېزىتلىرى ئارقىلىق جۇڭگوغا

قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشۋىقاتلىرىدا ياقۇپبەگنىڭ ئىشلىرىنى كۆپچىلىك بارىچە مەدھىيىلىمەكتە. تارىخ پەنلىرىنىڭ كاندىدات دوكتورى ئىسېيېپ مانا بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان شەخسلەردىن بىرى. ئۇنىڭ ئالمۇتىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى گېزىتى»دە (ئۇيغۇرچە ئېلان قىلىنغان) «جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى تاجاۋۇزچىلارنى ئاقلىماقتا» (42) دىگەن ماقالىسى ۋە 1981-يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە شەھەر دۆلىتى» (43) دىگەن مەخسۇس ئەسىرى ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسېيېپ ئۆز ماقالىسىدا، ياقۇپبەگنىڭ چاررۇسىيە بىلەن ئېلىپ بارغان سودىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئېرىنمەي نەقىل كەلتۈرۈپ، ياقۇپبەگنىڭ چاررۇسىيىنىڭ «پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى» بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدۇ: چار پادىشاسى ئالىكساندىرنىڭ ياقۇپبەگكە يازغان قىزغىن خەت-چەكلىرىنى ئابزاس-ئابزاسلاپ كۆچۈرۈپ، ياقۇپبەگنىڭ چاررۇسىيە بىلەن ئېلىپ بارغان شەرمەندىلەرچە تىل بىرىكتۈرۈشلىرىدىن ناھايىتى خوشاللىنىدۇ. بۇ پۈتيومكىننىڭ ياقۇپبەگنى ئېيىپلاپ «رۇسىيىگە دۈشمەنلىك ھەركەت قوللاندى» دېيىشى ۋە تىخۇنىسكىنىڭ ياقۇپبەگ «رۇسىيىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنىڭ قارارلى» دەپ ئېيىپلەشلىرى بىلەن ناھايىتى ئوچۇق سېلىشتۇرما بولالايدۇ.

گەرچە ئىسېيوپ ئۆزىنى تەكرار-تەكرار «كاللىلىرى ماۋنىڭ ئىدىيىلىرى بىلەن تولغان» جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھۇجۇم خاراكتېرىدىكى ئورغۇنلىغان نۇقتىئىنەزەرلىرى سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا، ھەتتا ھازىرمۇ يەنە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ نەق ئىززى [ئىزاھ]. ئەمەلىيەتتە، ئىسېيوپ ھەر بىر مەسىلىدە ياقۇپبەگنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە

---

[ئىزاھ] مەسىلەن، ئىسېيېپ جۇڭگو تارىخشۇناسلىرىنى «قاندافتۇر ياقۇپبەگ شىنجاڭنى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرىۋەتكەن، ئۆز دۆلىتىدە ئەنگلىيە ئىچچىزىن ئىمتىيازلىق قىلغان، رۇسلارنىڭ ئۇيغۇر زېمىنىدە سودا قىلىشىغا يول قويمىغان، رۇس سودىگەرلىرىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلىغان» دىگەن نىملەر بىلەن ئېيىپلەپ، بۇ پۈتۈنلەي جۇڭگو تارىخشۇناسلىرىنىڭ «يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەنلىكى» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ياقۇپبەگ «ئەنگلىيە ئىشپىيونى» دىگەن قاراش نەق سوۋېت ئالىمى شاخماتوۋنىڭ كۆز قارىشى («توغرى شەرھى» 233-بەت) بولۇپ، ياقۇپبەگ روسىيە پۇقرالىرىنىڭ سودا كارۋانلىرىنىڭ قاتنىشىنى توساپ، «روسىيە سودا كارۋانلىرىنىڭ سودىسىنى توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قويغان» دەپ قاراش سوۋېت ئالىمى پوتىسومكىن («دىپلوماتىيە تارىخى» 1-توم، 2-قىسم 1016-بەت) ۋە لارودنىسكىنىڭ («يىراق شەرقنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تارىخى» 191-بەت) كۆز قارىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئېرىشقان ۋە ھەر بىر مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا قارشى تۇرغان . ئۇنىڭ ئاساسلىق كۆز قاراشلىرى تۆۋەندىكىچە :

( 1 ) «ياقۇپبەگ دۆلىتى ياقۇپبەگ ۋە باشقا قوقانلىقلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان دۆلەت بولماستىن، بەلكى قانلىق كۈرەشلەر ئارقىلىق غالىبىيەتكە ئېرىشكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى»، «قوزغىلاڭچىلار يەرلىك خەلقنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا .........، خەنزۇلار ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇر يەتتە شەھەر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان»؛

( 2 ) ياقۇپبەگ «بىرلىككە كەلگەن يەتتە شەھەر دۆلىتىنى قۇرۇش، تۈركىستاننى قايتا بىرلىشقا ئۇرۇنغان دۈشمەنگە پۈتۈن كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە ئىلغار رول ئوينىدى»؛

( 3 ) ياقۇپبەگ «قۇللۇق تۈزۈمىنى رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ»، «ئادىل قانۇننى يۈرگۈزدى»، «يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن شىنجاڭنىڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى»، «يەتتە شەھەر دۆلىتى ئاھالىسىنىڭ يۈكى خەنزۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا خېلى دەرىجىدە يەڭگىللىدى»؛

( 4 ) «يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ يۈرگۈزگەن دىپلوماتىيە سىياسىتى خېلى ئىلغار بولغان»، ياقۇپبەگ «روسىيە بىلەن خوشنىدارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا تىرىشتى»، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ «خەنزۇ تاجاۋۇزچىلىرى»غا تاقابىل تۇردى، «قەشقەر – روسىيە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، قەشقەر – ئەنگلىيە سودا مۇناسىۋىتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ياخشى بولدى».

قىسقىسى، ئېپىيېنىڭ قارىشىچە: ياقۇپبەگنىڭ «ئىلغار»لىقى، ئۇنىڭ روسىيىگە قىلچە قارشى تۇرماستىن، بەلكى روسىيە بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشنى خالىغانلىقىدا، «خەنزۇلار ھاكىمىيىتى»نى ئاغدۇرۇپ، «خەنزۇلار ھۆكۈمرانلىقى»غا سېلىشتۇرغاندا خېلى ياخشى بولغان ھاكىمىيەتنى ئورنىتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن «خەنزۇ تاجاۋۇزچىلىرى»غا قارشى تۇرغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، روسلارغا مايىل بولۇش ئېپىيېنىڭ ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە بەرگەن ئەڭ تۈپكى باھاسىدىن ئىبارەت. مانا بۇ، ئۇنىڭ ئومۇميۈزلۈك مۇئەييەنلەشتۈرۈش نەزەرىيىسىنىڭ تۈپكى چىقىش نۇقتىسىدۇر.

بىراق، بۇ خىل قاراشلارنىڭ قىممىتى زادى قانچىلىك ؟

«روسىيىگە مايىللىق – ئىلغارلىق» دەپ قاراش، چارروسىيە بىلەن ياقۇپبەگ ئوتتۇرىسىدىكى تىل بىرىكتۈرۈشلەرنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشنى ئۆزىگە نۇمۇس ئەمەس، بەلكى شەرەپ دەپ بىلىش – رۇس شوۋىنىزمچىلىرىغا خاس ئۆزگىچىلىكتۇر.

«خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش» نەزەرىيىسى تېخىمۇ بىمەنىلىكتۇر. ئەيتايلۇق، ئۆتكەن ئەسىر ئاندا قىمۇ خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى بولامدۇ؟ ئەمدىكى «بۇغرا

ناللارنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان خەلزۇلار هۆكۈمىتى» بولسۇن ؟ «خەلزۇلارغا قارشى تۇرۇش» نەزىرىيىسىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك ؟

تېپىشلارغا قارىغاندا، ئىسپيوپ «تۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان» مىش، گەرچە بىز هازىر ئۇنىڭ بۇ «ئىشەنچلىك تارىخىي هۆججەتلەر» دىن كونكرېت قانداق پايدىلانغانلىقىنى ئوچۇق بىلمىسەكمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەقسىدىنىڭ پۈتۈنلەي «هازىرقى بېيجىڭ هۆكۈمرانلىرىنىڭ جۇڭگودىكى خەلزۇ ئەمەس مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتى، تارىختا ئۆتكەن خەلزۇ تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سىياسىتى بىلەن قىلچە پەرقى يوق» دېگەن نەرسىنى ئىسپاتلاش ئىكەنلىكى ناهايىتىمۇ روشەن. ئىسپيوپنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنى جەددى ئىلمىي تەتقىقاتمۇ ياكى جۇڭگوغا قارشى رەزىل تەشۋىقاتمۇ؟ ئادىل كوز قاراشقا ئىگە بولغان هەر قانداق بىر ئادەم بۇنىڭغا توغرا هۆكۈم قىلالايدۇ.

3. خىل كوز قاراشنى 2- خىل كوز قاراشقا سېلىشتۇرغاندا، پەقەت ئىپادىلىنىشىدىلا ئازراقچە پەرق بولۇپ، بۇنىڭغا خوجايوپ ۋەكىللىك قىلىدۇ.

چارروسىيىنى پەدەزلەپ، ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋېلىشى ئاقلىنىدىكەن، ياقۇپبەگنى ئىنكار قىلىشقا توغرى كېلىدۇ؛ ياقۇپبەگنى «مىللىي قەهرىمان» دەپ پەدەزلەپ، شىنجاڭ رايونىمىزغا قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق خاراكتېرىدىكى قۇتراتقۇلۇق تەشۋىقى ئېلىپ بېرىلىدىكەن، چارروسىيىنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋېلىشىدىكى يوقۇلاق بادلار تەبىئىي هالدا كېرەكسىز بولۇپ قالىدۇ. سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشى ئۇلارنى ئوز ئىچىدە زىددىيەتلىك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. ئوزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى خوجايوپ ئوز سوزىنى يورغىلىتىش، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى يىقىتىش ئۈچۈن «چىڭ ئىمپېرىيىسى، جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان» دېگەن مەخسۇس ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ (1979 - يىل)، بىر تۈرلۈك كوز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

خوجايوپ ئوز ئەسىرىدە ياقۇپبەگنى پۈتۈنلەي ئىنكارمۇ قىلمىغان ۋە پۈتۈنلەي ئىدىيەلەشتۈرۈپمۇ كەتمىگەن. ئۇ ئوزىنىڭ هەممىدىن بەكرەك چىڭ سۇلالىسىنىڭ «جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن بويسۇندۇرۇش سىياسىتى» گە قىزىقىدىغانلىقىنى ئاۋراڭ قىلىپ، ياقۇپبەگكە بىۋاستە باها بېرىشتىن ئامالىنىڭ بارىچە ئوزىنى قاچۇرغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ هاكىمىيىتى ئۈستىدە سوزلىگەندە، بىر خىل ناهايىتىمۇ ئەپچىل «پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى» نى قوللانغان، يەنى ياقۇپبەگ بىلەن ئۇنىڭ هاكىمىيىتىنى بىر- بىرىدىن پەرقلەندۈرگەن، بىر تەرەپتىن ياقۇپبەگ هاكىمىيىتىنى ئىدىيەلەشتۈرۈپ، ياقۇپبەگ هاكىمىيىتى «هەر قايسى يەرلىك مىللەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي دولەتنىڭ گۈللىنىشىنى، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيا-

تىنى ئىلگىرى سۈردى» (44) دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ياقۇپبەگ «خەلق ئاممىسى ئىچىدە مەنچىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرالىغىدەك كۈچنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرەلىگەن»، «فېئوداللار سىنىپىنىڭ تىپىك ۋەكىلى» (45) دەپلا قويغان. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، خوجايوپ ياقۇپبەگنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

خوجايوپ ماقالىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى يەنىلا تارىخقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلماسلىقتىن ئىبارەت.

ئۇ: «جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ خوشنا مىللەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋېلىشىغا باھا بېرىشتە «يېڭى پىرىنسىپ» نى ئوتتۇرىغا چىقاردى، بۇ پىرىنسىپ جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى دېگەن قىلچە ئاساسسىز نەزەرىيە ئۈستىگە قۇرۇلغان» (46) دېگەن.

ئۇنىڭ «يېڭى پىرىنسىپ» دېگىنى پۈتۈنلەي يالغانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇرھان ئەپەندى: «شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇرۇنلا جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، شۇ چاغدىن تارتىپلا شىنجاڭنىڭ تەقدىرى جۇڭگونىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغانلىقى، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە جايلاشقان رايونلارنىڭ تارىختىكى مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرىدىكى ھۆججەتلىرىدە نۇرغۇن خاتىرىلەرنىڭ قالدۇرۇلغانلىقى ۋە كۆپ يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا تېپىلغان نۇرغۇن تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇنى ئىسپاتلىغانلىقى تارىختىن سەللا ساۋادى بار ئادەمنىڭ ھەممىسىگە ئايان» (47) دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. قارىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خوجايوپقا ئوخشاش تارىخشۇناسلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ بىلىمى يوق ئەمەس، بەلكى نىيىتى يامان. ئەندى بىز ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان بىر قانچە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى نۇقتىلىق ئانالىز قىلىپ باقايلى.

(1) «ھوقۇق مەركەزگە يىغىنچاقلانغان بىرلىككە كەلگەن دۆلەت» كۆز قارىشى.

يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرى زادى قانداق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخقا ئائىت ئىلمىي ماقالە ۋە ئەسەرلىرىدىكى قاراشلار ناھايىتىمۇ قالايمىقان بولۇپ، ئاتالمىشلارمۇ ھەر خىل [ئىزاھ]. لېكىن، ئۇنى يالغۇز «مۇستەقىل

---

[ئىزاھ]: 50-يىللاردا سوۋېت ئالىملىرى ئىچىدە ئۇلى خانلىق (XahC+Bo) ياكى زېمىن (BLaΠeHNe) دەپ ئاتاش بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنى «قۇدرەتلىك ئەمەس، مۇستەقىل ئەمەس» دەپ قاراپ كەلگەن. ھازىر سوۋېت ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتە قاراشلىرى ناھايىتىمۇ بىردەك ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنى يەنىلا «فېئودال ئىلاھى ھوقۇق زېمىنى» دەيدىغانلارمۇ بار (پىرخوروۋپ)، «مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى» دەيدىغانلارمۇ بار (ئىسېپوپ)، بىر تۈرۈپ «فېئودال ئىلاھى ھوقۇق زېمىنى» دېسە، بىر تۈرۈپ «مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى» دەيدىغانلارمۇ بار (گىرىيۇپىچ).

دۆلەت» لا ئەمەس، بەلكى «ھوقۇق مەركەزگە يىغىنچاقلانغان بىرلىككە كەلگەن دۆلەت» دەپ كەسكىن ھۆكۈم چىقارغانلاردىن تېخى بىرلا خوجايىن بار. ئۇ «شەرقىي تۈركىستان ۋە جۇڭغارىيىدە ھوقۇق مەركەزگە يىغىنچاقلانغان بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى — كەڭ ئاممىنىڭ مانجۇلار زۇلۇمىغا قارشى كۆرەشلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ نەتىجىسى، بۇ ھەقتە تالىشىش ھاجەتسىز» (48) دەپ ھۆكۈم چىقارغان.

بۇرۇن سوۋېت ئالىملىرى ياقۇپبەگنىڭ ئاتالمىش «بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئىشلىرىنى ئادەتتە ئەنگىلىيىلىكلەرنىڭ سۈيىقەستى دەپ قاراپ، ئىنكار قىلىش ۋە پىپەن قىلىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ كەلگەن ئىدى؛ ئەندى خوجايىن بولسا بۇنى «ئىقتىساتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مۇستەقىللىقنى قوغداپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ساقلىنىش زۆرۈرىيىتى ئۈتتىپاقلىشىپ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇشقا يۈزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» (49) دەپ قارىماقتا. ئۇنىڭ قارىشىچە، ياقۇپبەگنىڭ «بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئىشى ئەندى ئەنگلىيىنىڭ روسىيىگە قارشى ئېلىپ بارغان سۈيىقەستى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ «مۇستەقىللىقنى قوغداش» يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى بولۇپ، شۇڭا ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئەدەبىيلەش پۈتۈنلەي تېگىشلىكمىش. ئەمما، مەيلى ئۇ ئىنكار قىلسۇن ياكى مۇئەييەنلەشتۈرسۇن. ياقۇپبەگنىڭ «بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئىشلىرىنى «روسىيىگە قارشى تۇرۇش» ياكى «مۇستەقىللىقنى قوغداش» دېگەنلەر بىلەن چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى تارىخنى ئۆز مەيلىچە بۇرمىلىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ياقۇپبەگ بۈزرۈكنى يۆلەش بىلەن شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ ھىيلىگەر ۋاستىلار ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقلار ئارقىلىق باشقىلارنى بىر-بىرلەپ تار-مار قىلىپ، تەدرىجىي يوسۇندا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالغان (50). ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى «روسىيىگە قارشى بازا» قۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، «مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش» ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى قوقان فېئودال ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قىلغان ئوچۇقتىن-ئوچۇق تاجاۋۇزچىلىقى ۋە ئارىلاشقانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. قوقان ھەربىي فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشىنى «روسىيىگە قارشى» تۇرغانلىق، روسىيىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق دېيىش روسىيە شوۋىنىزمىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا پۈككەن قارا نىيىتىنى ئۆزلىكىدىن ئاشكارىلاپ قويغانلىقتۇر. ئەمەلىيەتتە، ياقۇپبەگ چار روسىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەقىقەتەن زىددىيەتلەر ھەم مەۋجۇت ئىدى. لېكىن بۇ ئاخىرقى ھېسابتا پەقەت قاراقچى بىلەن ئوغرىنىڭ شىنجاڭنى تالىشىپ بىر-بىرىنى چىشلەشلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەنگلىيەلىك بائۇلجېر (BOUIQer): «قوقان، تاشكەنت، بۇخارا ھەتتا ھىندىستان ۋە ئافغانىستاندىن قېچىپ كەلگەن ئەبلەخلەر» ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ «يەرلىك خەلق

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك ئەنجانلىقلار دەپ ئاتايتتى» (51) دەپ كۆرسەتتى. ئۇيغۇر تىلىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا «ياقۇپبەگنىڭ مۇستەبىتلىك سىياسىتى، قاراڭغۇ زۇلمەتلىك تۈزۈمى، چىرىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە خەلققە زوراۋاق يۈرگۈزۈش، خەلق ھوقۇقىغا ئۇچمەنلىك بىلەن قاراش ۋەزىيىتى ئاستىدا قۇرۇلغان بۇ ھۆكۈمەت خەلق ئىچىدە ئاساسى بولمىغان قۇرۇق ھۆكۈمەت ئىدى» (52) دەپ كۆرسىتىلگەن.

شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى «ئەنجانلىقلارنى قىرىپ تاشلايلى»، «ئەنجانلىقلارنى قوغلاپ چىقىرايلى» (53) دېگەن شۇئارلارنى تۇۋلاپ، ئۇلار بىلەن ھايات-ماماتلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان ئىدى. سوۋېت ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جان-جەھلى بىلەن ئۆچ كۆرىدىغان «ئەنجانلىق ئەبلەخلەر»نى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغدىغان «مىللىي قەھرىمان»لار قىلىپ پەدەزلەپ كۆرسىتىشى ئالەمدە يوق بىمەنىلىك ئەمەسمۇ!

ئاتالمىش «ھوقۇق مەركەزگە يىغىنچاقلانغان تۈزۈم» مەسىلىسىگە كەلسەك، خوجايۇپ بۇ ھەقتە ھېچقانداق چۈشۈنچە بەرمىگەن. ئەمەلىيەتتە، ياقۇپبەگنىڭ يۈرگۈزگىنى بىر خىل ھەربىي فېئودال سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك يۈرگۈزۈلگەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تۈزۈم ئەۋج ئالغان بولۇپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇ خىل تۈزۈمنى يۈرگۈزۈشى پۈتۈنلەي تارىخ چاقىنى ئارقىغا بۇرىغانلىقتىن ئىبارەت (54). بۇرۇن بۇ ھەقتە سوۋېت ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا باشقىچە ئوخشىماسلىقلار يوق ئىدى. تىخونوپ: ياقۇپنىڭ «پۈتۈن مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ئاساسىغا قۇرۇلغان» (55) لىقىنى دەلىللەپ ئوتكەن ئىدى. روشەنكى خوجايۇپ بۇلارنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى خالىمىدى.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، خوجايۇپ «ھوقۇق مەركەزگە يىغىنچاقلانغان بىرلىككە كەلگەن تۈزۈم» دېگەن ئىسىمنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ھېچقانداق دەلىل كۆرسەتمىگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇزىنىڭ بۇ «كەشپىياتى»نى ئىسپاتلىيالىغىدەك تۈزۈكرەك بىرەر ماتېرىيال تاپالىشى ھەم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەندى ئۇنىڭ يولسىزلىق بىلەن جۇڭگو تارىخشۇناسلىرىغا «چوڭ خەنزۇچىلىق شوۋىنىزمى» قالپىقىنى كەيگۈزۈپ، باشقىلارنىڭ پىكىر قىلىشىغا قىلچىمۇ يول قويماسلىقى چېكىدىن ئاشقان مۇتەھەملىك ئەمەسمۇ؟

(2) «ھالاك» كۆز قارىشى

خوجايۇپ: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر تۈركۈم تارىخشۇناسلىرى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرگە باھا بەرگەنلىرىدە، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈرىشى بىلەن جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى خەنزۇ ئەمەس مىللەتلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى ئوتتۇرىسىدا ھالاك بەلگىلەپ قويغان ......» «يېڭى

پىرىنسىپ» نىڭ قوغدىغۇچىلىرى تەيپىڭ تيەنگو، ليەنجۇن، شەنشى - گەنسۇ تۇڭگانلىرى ۋە يۈننەن مۇسۇلمانلىرىنى باستۇرۇشنىڭ ئەكسىيەتچىل خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە جۇڭغارىيىگە قارىتا يۈرگۈزگەن بويسۇندۇرۇش سىياسىتىنى ئىلغار سىياسەت دېيىشمەكتە. چۈنكى بۇ سىياسەت يوقۇرىدا ئېيتىلغان رايونلارنى قايتىدىن جۇڭگوغا قوشۇۋېلىشنى مەقسەت قىلاتتى» (56) دەيدۇ.

ئالدى بىلەن، بۇ خىل قاراش مەلۇم ئالدامچىلىق خاراكتېرگە ئىگە. خوجايوپ ئۆزىنىڭ ماقالىسىدا تۇرۇپلا ياقۇپبەگ بىلەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى پەرقلەندۈرۈپ قارىسا، تۇرۇپلا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 1864 - يىلىدىكى قوزغىلىڭىنى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى بىلەن ئارىلاشتۇرىۋەتكەن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ نەيرەڭۋازلىق بىلەن سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ 1864 - يىلىدىكى قوزغىلى-ڭىنى ھەرگىزمۇ چەتئەللىك باندىت ياقۇپبەگنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغان يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ 1864 - يىلىدىكى قوزغى-لىڭىغا يۈكسەك باھا بېرىشىمىز ھەرگىزمۇ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىمىز ئەمەس؛ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئەيىپلىگەنلىكىمىزمۇ شىنجاڭنىڭ 1864 - يىلىدىكى قوزغى-لىڭىنى ئىنكار قىلغانلىقىمىز ئەمەس. چۈنكى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ياقۇپبەگ ھاكى-مىيىتى چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا زورمۇ - زور تاڭغان ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرى بىلەن قىلچىمۇ ئورتاقلىقى يوق. شۇڭلاشقىمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشمىگەن . . . ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياقۇپبەگ ھوكۇمرانلىقىغا بولغان ئۆچمەنلىكى شۇنى-ڭلىك دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، ئۇلار ھەممىلا يەردە خەنزۇ خەلقىنىڭ كېلىش خەۋىرىنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈش بىلەن، بىر - بىرىگە تەسەللى بەرگەن. «تارىخ ھەمدى» نىڭ قوليازمىسىدا، پەيزىۋاتلىق بىر دىخاننىڭ ئېتىزغا «خىتاي» كىرگەنلىكى توغرىسىدا ھېكايە بايان قىلىنغان [ئىزاھ①] بولۇپ، ئۇنىڭدا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىدىن بىزار بولغانلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىگە تەشنا بولغانلىقى ناھايىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «گەرچە بەزىلەر ئالدانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىنىشى پەقەتلا ۋاقىتلىق ئىدى. .» ئۇلار قوزغىلاڭ كوتىرىش نىيىتىگە كېلىپ، ئوز ۋاقتىدا كوچاردا ئىشنى بىز قوزغىغان، لېكىن تاجى تەختىكە يەنىلا شۇ ياقا يۇرتلۇقلار ئېرىشتى، ھازىر ئەنجانلىقلار يەنىلا ئاخىرى بىرلىشىپ بىزنىڭ شىلىلىمىزغا مىنىپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلماقتا دېيىشكەن» (57). ئوز ۋاقتىدا سوۋېت ئالىملىرىنىڭ بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى قوشۇمچە ئەسكەرتىپ ئوتۇشكە توغرى كېلىدۇ [ئىزاھ②] .

---

ئىزاھ: ① قوليازمىدا ھېكايە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەشقەرنىڭ

بۇندىن باشقا، خوجايۈپنىڭ بۇ خىل كۆز قارىشى زور قۇترىتىش خاراكتېرىگە ئىگە ئۇ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى خەلق قوزغىلىڭى دەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا «خەنزۇ ئەمەس» دېگەن ماركىنى چاپلاپ، خەنزۇ ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىغا سۈنئىي ھالدا خەنزۇ ۋە «خەنزۇ ئەمەس» دەپ «ھاڭ» پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنى قەستەن ئېلىمىزدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنغان. مانا بۇ «ھاڭ» كۆز قارىشىنىڭ ئەجەللىك يېرى. ئۇنداق بولماي دېگەن، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ خەنزۇ مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدىغانلىقىغا شۇنچە ئوغىسى قاينايدۇ ؟

---

پەيزىۋات دېگەن يېزىسىدا (ھازىرقى پەيزىۋات ناھىيىسى) بىر دېھقان ئېتىزغا ئورۇق سېلىۋاتسا، بىر يولۇچى ئۇنىڭدىن: «ھەي! بۇرادەر، نېمە تېرىۋاتىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. دېھقان ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىپ: «نېمە تېرىۋاتىسەن دەيسەنغۇ؟ خىتاي تېرىۋاتىمەن» دەپتۇ. يولۇچى خوشال كۈلۈمسىرەپ كېتىپ قاپتۇ...... شۇ چاغدا كىشىلەر كوچا-كوچىلاردا توپلىشىپ «يات ئارىدا خىتايلار كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەر ئۈستىدە سۆزلىشىدىكەن. مەيلى بۇ خەۋەر راست ياكى يالغان بولسۇن كىشىلەر ھامان ئۆز كۆڭلى بويىچە ئۇنىڭغا ئورغۇن سۆز-چۆچەكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەش بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ۋە كىشى كۆڭلىنى خوش ئېتىدىكەن. (ئىككىنچى قىسىم 111-، 112-بەتلەر) ئىلاۋە: بۇ تارىخىي ماتېرىيالنى ئالدى بىلەن بۇرھان ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى» دېگەن ماقالىسىدا نەقىل كەلتۈرگەن. قولىيازمىنىڭ ئاپتورى موللا مۇسا سايرامى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئاقسۇدا باج ئىشلىرى ئەمەلدارىنىڭ كاتىۋى بولۇپ، ۋەقەلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇ مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپبەگنى بېسىقتۇرۇشىنى، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىشىنى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قولىيازمىدا خاتىرىلەنگەن يۇقۇرقى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

[ئىزاھ ②]: ئۇلارنىڭ قارىشىچە، 1864-يىلدىكى قوزغىلاڭنىڭ «غالىبە مېۋىلىرى يەرلىك فېئوداللار، چوڭ شەيخلار ۋە قوقان، بۇخارا خانلىقلىرىنىڭ فېئوداللىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان» («توغرا شەرھى» 183-بەت)، ياقۇپبەگنىڭ ھەركىتى «گويا بۆلۈندۇرۇلغان دۆلەتنىڭكىگە ئوخشايتتى، ئۇلار ئۆز ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە ئىشەنمەي، ئالدىراپ، تىنەپ ئاھالىنى تالان-تاراج قىلىش ھاۋسىغا ئۆزىنى چەكلىگەن، شۇڭا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى چېكىدىن ئاشقان» («توغرا شەرھى» 222-بەت).

خوجايوپ ياقۇپبەگ بىلەن چاررۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئاھايىتىمۇ يۇشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ چاررۇسىيە ياردىمىگە ئىگە بولغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلارغا غەزەپلەنگەن. خوجايوپ بۇ خىل قاراشلارنى جۇڭگو تارىخشۇناسلىرىنىڭ « تارىخي پاكىتلارنى قوپاللىق بىلەن ساختىلاشتۇرۇشى » (58) دەپ ھۆكۈم چىقارغان. ئەمەلىيەتتە بۇ كەم-كۈتىسىز رۇسچىلىكلەرنىڭ كۆز قارىشى [ئىزاھ ①].

خوجايوپ ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان تىل بىرىكتۈرۈشلىرىنىمۇ ئىلاجىنىڭ بارىچە ئاقلاپ: « مەنچىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بولغان قوراللىق توقۇنۇشنىڭ مۇقەررەرلىكى ياقۇپبەگنى بەزى تاشقى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى » (59) دېگەن. ئۇ ياقۇپبەگنى شۇنچە قىزغىنلىق بىلەن ئاقلىغانكى، ھەتتا دوڭگەپ قويۇشتىنمۇ يانمىغان.

جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى « ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى باھانە قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر مىللەت قوزغىلاڭچىلىرىغا قارىتا يۈرگۈزگەن بويسۇندۇرۇش سىياسىتىنى ئاقلىماقتا » دېگەن (60) [ئىزاھ ②].

---

[ئىزاھ ①] مەسىلەن: تىخۋىنسكى شۇنداق دېگەن: « ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيىگە تايىنىپ جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئارزۇسى ئەنگلىيە كۈچلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلىرىغا كىڭىيىش خەۋپىگە ھامىلدار ئىدى. بۇ ھال چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى » (« رۇسىيە - جۇڭگو چېگرىسىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى »). پوتيومكىننىڭ (« دىپلوماتىيە تارىخى » 1 - توم 2 - قىسىم). گورېۋنچىنىڭ (« چوڭ خەلقچىلىق شوۋىنىزمى ۋە 18، 19 - ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر »). پروخوروۋنىڭ (« سوۋېت - جۇڭگو چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا »). ناروچنىتسكىنىڭ (« 1860 — 1895 - يىللىرى كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ يىراق شەرقتە قاراتقان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ») قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە يۇقۇرىقىغا ئوخشاش قاراشلار مەۋجۇت.

---

[ئىزاھ ②] شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، بۇ خىل كۆز قاراشمۇ خوجايوپنىڭ شەخسىي ئىجادىيىتى بولۇپ، سوۋېت تارىخشۇناسلىرىنىڭ 50 - يىللاردا ياقۇپبەگنى ئەنگلىيەنىڭ « غالچىسى » دەپ ئېيىپلاشلىرىغىمۇ ئوخشىمايدۇ، تىخۋىنسكىنىڭ ياقۇپبەگ توغرىسىدىكى « رۇسىيىگە قارشى تۇرۇش قورالى » نەزەرىيىسىگىمۇ چۈشمەيدۇ ۋە شۇنداقلا ئېپيوپنىڭ ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆۋىلىشلىرىغىمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئۇلنىڭ ئاتالمىش «ھەر مىللەت قوزغىلاڭچىلىرىنى بويسۇندۇرۇش» دېگەنلىرى قىلچە ئاساسقا ئىگە بولمىغان ئويدۇرمىدىن ئىبارەتتۇر. بىرىنچىدىن، مەنچىڭ قوشۇنلىرى ئېلىپ بارغان جازا يۈرۈشى ياقۇپبەگ باندىتلىرىغا قارىتىلغان. ئىككىنچىدىن، مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ شۇ قېتىملىق ھەركىتى ھەققانىي ھەركەت بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەنچىڭ قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا يېتىپ كىرگەندە جاي - جايلاردىكى خەلقلەر «ياكى ئۇلارغا يول باشلىغۇچى بولغان، ياكى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە جەڭلەرگە قاتناشقان». بۇنىڭغا ئوخشاش خاتىرىلەر كىتاپلاردىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن ساقلانغان (61). موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئېيتىشىچە، «خاقاننىڭ (چىڭ ئىمپېراتورىنى دېمەكچى) غالىپ قوشۇنى تۇرپاندىن چىقىپ قەشقەرگە بارغىچە ئارىلىقتا «ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىغان، ھېچقانداق شەھەر خاقان ئادەملىرىنىڭ زور قوشۇنىغا قارىتىپ بىرەر پايمۇ ئوق چىقارمىغان، ئەكسىچە كۆپلىگەن شەھەرلەردىكى ياخشى ئادەملەر قولىدىن كېلىشىچە خاقان ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئىش قىلغان» (62). روسىيىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىمۇ مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ بارغانلىكى جايىدا «خۇشال - خورام قارشى ئېلىنغان»لىقىنى ئىسپاتلايدۇ (63). بۇرۇن سوۋېت ئالىملىرىمۇ بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلىپ: شىنجاڭ ئاھالىسى «خەنزۇ قوشۇنلىرىنى گويا ئۆز نىجاتكارلىرىنى قارشى ئالغاندەك قارشى ئالدى» دېگەن ئىدى. ھالبۇكى، ھازىر خوجايۇپ: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئاھالىنىڭ مەنچىڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلىرى قىلچە ئاساسقا ئىگە ئەمەس» (64) دەپ ھۆكۈم قىلغان.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، خوجايۇپ شۇنداق ھۆكۈمنى چىقارغاندا، بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان. قىسقىسى ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك تۈزۈكرەك ئىسپاتىمۇ يوق، قويالىشى ھەم مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنىڭ ئاتالمىش «باھانە» دېگەنلىرى ھەقىقەتنىمۇ سوز يورغۇلىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ زادى قانداق مەنتىقە؟ بۇ مەنتىقە، ياقۇپبەگ چەتئەل چوڭ دۆلەتلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈردى، دېگەن تەغدىردىمۇ، بۇنى چۈشۈنىشكە بولىدۇ، قانداقلا بولمىسۇن بۇنى ياقۇپبەگكە قارىتا جازا يۈرۈشى قىلىشنىڭ «باھانە»سى قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەندىنلا ئىبارەت. بۇ پۈتۈنلەي چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ھەمدەم بېرىپ، ۋەتەن خائىنلىرى ۋە مىللىي مۇناپىقلارغا يان بېرىش مەنتىقىسى. بۇ خىل نەزەرىيە ھەقىقەتنىمۇ بىر مەمەدانلىق رەددىيە بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ.

(4) «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش»، «مىللىي ئازاتلىق ھەركىتى» كوز قارىشى ۋە ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، خوجايۇپ پەقەت باشقىلارنىڭ كوز قارىشىنىلا ئىزاھلاپ

ئۆلتى. ئىسپىيوپ: «ئۇيغۇر دىخانلىرى بىلەن خۇيزۇلار خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش تۈركىستاندىكى ھەل قىلغۇچى كۈچلەر ئىدى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. گەرچە بۇنداق قاراش ئوپ - ئوچۇق يالغانچىلىق بولسىمۇ، خوجايۇپ ئۇنىڭ كومۇلۇپ قېلىشىنى خالىمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ بۇنى قايتا پىششىقلاپ، «شىنجاڭدىكى مەنچىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە كۆپ سانىنى ئىگەللىگەن خەنزۇلارنىڭ تۇتقان ئورنى پەقەت مانجۇ ۋە موڭغۇللاردىن كېيىنلا تۇراتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئاھالە ئۈستىدىن ئەيمەنمەستىن يۈرگۈزگەن ئېكسپلاتاتسىيىسى زور دەرىجىدە خەنزۇلار ئىچىدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇڭا ئۈچۈنمۇ يەرلىك ئاھالىدا خەنزۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكنىڭ قوزغالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئاھالىلىرىنىڭ تارىختا مانجۇلارغا قارشى ئېلىپ بارغان بىر قانچە قېتىملىق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ھەممىسى يات دىنىدىكىلەرگە قارشى تۇرۇش (مانجۇ ۋە خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش) شۇئارى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى» دېيىش بىلەن بىرگە «جۇڭغارىيە بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلار ئومۇمخەلىق ۋە مىللىي ئازاتلىق خاراكتېرىگە ئىگە» (65) دەمەكتە. لېكىن بۇ يەنىلا كىشىنى قايمۇقتۇرۇپ، سۆز يورغىلاتقاندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئالدى بىلەن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغىنىدەك «ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلىرىنىڭ قىلچە ئورتاقلىقى يوق. ئەمەلىيەتتە، ياقۇپبەگ ھەرگىزمۇ پەقەت خەنزۇلارغىلا قارشى تۇرغان ئەمەس. خەنزۇلارنىلا قىرىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك تۇڭگان ۋە ئۇيغۇرلارنى قىرغان. ئۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، تۇڭگان، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.

«تارىخىي ھەمىدىيە»دە خاتىرىلىنىشىچە: ئۇ خوتەندە «ئادەملەردىن تارتىپ ئۆشەك، مۇشۈكلەرگىچە ھەممىنى ئۆلتۈرۈپ بولدى»، «سېپىل مۇھاپىزەت خەندەكلىرى جەسەتلەرگە توشتى، كېيىن، شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئازگاللارنىڭ ھەممىسىمۇ جەسەتلەرگە توشتى»، «قىرغىنچىلىق شۇنچە ئېچىنارلىق بولغانكى، ئاققان قاننىڭ كۆپلىكىدىن ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىرى ئايلىنىپ، پۇت - قوللىرىنىڭ مادارى قالماي، قىلىچ تۇتالمىغىدەك دەرىجىگە يەتتى» (66). ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى توقسۇندا «كوچىمۇ - كوچا ئات چاپتۇرۇپ، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرمەي، ئۇدۇل كەلگەننى چېپىپ، تاڭ ئاتقىچە ياش - قېرى ھەممىسىنى قىرىپ تۈگەتتى» (67). ياقۇپبەگ «تۇڭگانلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسى، شەرىئەت بىلەن تولۇق بىردەك ئەمەس» (68) دېگەن باھانىلار بىلەن، تۇڭگان خەلقىگە تەكرار - تەكرار جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى قىردى. ئەنگلىيىلىك بائۇلجېرنىڭ بايان قىلىشىچە:

«كۆچارنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا ئەگەر يەنىلا ياشاۋاتقان ئادەملەر بولسا، ئۇلار پەقەت ياقۇپبەگ ئۆيرىغىدىن كېيىن قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى» دېيىلگەن (69). ياقۇپبەگ ھەقىقەتەن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى قىرغان جاللات. ئۇنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەس. موللا مۇسانىڭ پەرەز قىلىشىچە: «200 مىڭدىن ئوشۇق تۇڭگان ئۇنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلگەن»، «ئۇيغۇرلاردىن پەقەت خوتەندىلا «ئەللىك مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن» (70). بۇ سانلارنىڭ توغرىلىقى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن ياقۇپبەگ قىرغىنچىلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايى ــ ئاپىتى مىسلىسىز بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بائۇلچىرنىڭ كۆرسىتىشىچە «خوتەن ۋە ساكچۇ خەلقى شۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقنى ھەر بىر ئەسلىگەندە ئىچ ــ ئىچىدىن غەزەپلىنەتتى» (71). خوجايۈپ مانا بۇلارنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىپ، غەزەپ بىلەن جۇڭگو قوشۇنلىرى «ئەنجانلىقلارنى ھەقىقەتەن ئەڭ رەھىمسىز ئۇسۇللار بىلەن ھەيدەپ چىقاردى» (72) دەپ ئېيىپلەيدۇ. خوجايۈپنىڭ بۇ كۆز قارىشى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قارىشى بىلەن زادى نېمە پەرقى بار؟

ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 1864 - يىلدىكى قوزغىلىڭى بىر قېتىملىق زور ئىنقىلاب بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئارقىسىدا يۈز بەرگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. ئۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. لېكىن خۇددى بۇرھان ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «1864 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ كۈرىشى باشلىنىش بىلەنلا، ئورغۇن ئېغىر ئاجىزلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاشكارىلانغان ,,,,,,,,,, يەرلىك فېئودال پومېشچىكلار، يۇقۇرى قاتلام دىنىي تەبىقىلەر قوزغىلاڭ باشلىنىش بىلەنلا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالغان، ئۇلار «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش» ۋە «دىننى مۇداپىئە قىلىش» شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئاممىنى ئەخمەق قىلىپ ئالدىغان. خەلق قوزغىلىڭىنىڭ كۈرەش تىغ ئۇچىنى ئوتتۇر سىنىپىي زىددىيەتتىن مىللىي زىددىيەتكە بۇراپ كەتكەن» (73). بۇرھان ئەپەندى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىلەرنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان «مىللىي ئازاتلىق ھەركىتى» نەزەرىيىسىگە قاتتىق رەددىيە بېرىپ شۇنداق دەيدۇ: «بۇ مۇھىم تارىخىي پاكىتلارغا كۆز يۇمۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ 60 -، 80 - يىللىرى ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى پەرقلەندۈرمەي، بىردەك «مىللىي ئازاتلىق ھەركەت» دەپ قاراش يەرلىك فېئوداللار ۋە ئەكسىيەتچىل يۇقۇرى قاتلام دىنىي تەبىقىلەرنىڭ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋېلىپ، ئەمگەكچىلەر ئۈستىدە بىرلىكتە

دىكتاتورا يۈرگۈزۈشىنى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلغانلىق، يەھۇدالار گۇرۇھىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشتىن يانماي ئېلىپ بارغان ئەكسىيەتچىل ئىچكى ئۇرۇشلىرىنى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلغانلىق، قوقان خانلىقى ئەۋەتكەن ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئاكتىپ يۆلىشىگە ئېرىشكەن ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلغانلىق، ئەنگلىيە، روسىيە جاھانگىر-لىكىنىڭ شىنجاڭنى ئۆز - ئارا تەقسىم قىلىپ، شىنجاڭنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىشىنى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلغانلىق بىلەن تەڭ .......... «بۇرھان ئەپەندى يەنە «مىللىي ئازاتلىق ھەركەت» نەزەرىيىسىنىڭ ئاپتورلىرىغا كەسكىن سوئال قويۇپ: «سىلەرنىڭ بۇ خىل نەزەرىيەڭلەرنىڭ جاھانگىرلارنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن نېمە پەرقى بار؟» دەيدۇ.

«خەلقلەرغا قارشى تۇرۇش»، «مىللىي ئازاتلىق ھەركەت» نەزەرىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىكى مەقسەت، قۇتراتقۇلۇق قىلىشتىن ئىبارەت. روشەنكى، قۇتراتقۇچىلار ئەكسىيەتچىل مىللىي ئاداۋەت ۋە قىرغىنچىلىقلارنىڭ، شۇنداقلا ياقۇپبەگكە ئوخشاشلارنىڭ بېسىپ كىرىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان ئېغىر بۆلۈنۈش ۋە قالايمىقانچىلىقلارنىڭ شىنجاڭدا قايتا يۈز بېرىشىنى شۇنچە تەقەززالىق بىلەن ئۈمىد قىلماقتا.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خوجايىنىڭ مەخسۇس ئەسىرى گەرچە ئېھتىيات-چانلىق بىلەن ئىلىم تونىغا ئورۇنۇۋالغان بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئىسپىيونىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا، زومىگەرلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تەشۋىق ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەتتۇر.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ھازىر سوۋېت تارىخشۇناسلىرىنىڭ ياقۇپبەگ ئۈستىدە بەرگەن باھالىرى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىلدىن ئىبارەت. گەرچە سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ياقۇپبەگ ئۈستىدىكى قاراشلىرى ھەر خىل - ھەر ياڭزا بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنىڭ نىشانىسى بىردەك جۇڭگو تارىخشۇناسلىرىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت. ياقۇپبەگنى تەنقىد قىلىش بانىسى بىلەن جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس. بەزى سوۋېت ئالىملىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا ياقۇپبەگ گويا كى سەۋەب ھەر خىل شەكىلگە كىرگۈزۈشكە بولىدىغان بىر پارچە لاي، پەقەت جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشقا لازىملا بولىدىكەن، قانداق شەكىلگە ئەكەلسە بولىۋېرىدۇ.

## (3)

## قىسقىچە خۇلاسە

1 . 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئالىملىرى ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل خاراكتېرىنى مەلۇم دەرىجىدە پىپەن قىلىپ، ئاشكارىلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزى ئۇقتىنەزەرلىرى بىر تەرەپلىمە ۋە خاتا بولدى.

2 . 50 - يىللاردىن كېيىن سىياسىي جەھەتتىكى جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشقا ماسلىشىش سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ياقۇپبەگ ئۈستىدىكى باھالىرى كۆز قاراش جەھەتتىن ئېنىقلىقسىز دەرىجىدە قالايمىقانلىشىپ، بىر - بىرىگە زىت ۋە مەزمۇن جەھەتتە بىردەك ئىلمىلىكتىن يىراقلاشقان بولسىمۇ، يەنىلا جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشتا دەستەك قىلىنماقتا، مانا بۇلار نەق زومىگەرلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، سوۋېت تارىخشۇناسلىرىنىڭ يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ياقۇپبەگ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقاتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئىلمىي ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار تونۈگۈن ئۇنداق دېگەن بولسا، بۈگۈن مۇنداق دەيدۇ ۋە ئەتە نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئورتاق سىياسىي مەقسەت ۋە ئوخشىمىغان سىياسىي مەۋقەدە تۇرۇپ، كىم نېمىنى خالىسا شۇنى سۆزلەيدۇ - يۇ، تارىخ ئىلمىدىن سۆز ئاچمايدۇ.

## ئىزاھاتلار:

(1) لېۋسىنكوۋن: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ۋە ئېلىمىزدە سوۋېت تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى»، «جۇڭگو - روسىيە مۇناسىۋىتى تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» دە ئېلان قىلىنغان. 1979 - يىلى، لەنجۇ.

(2) شاۋىنبايېۋ: «سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى توغرا شەرھىلەش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «توغرا شەرھى» دېيىلىدۇ.) 1959 - يىل بېيجىڭ. 214 - ، 185 - ، 184 - ، 233 - بەتلەر

(3) «توغرا شەرھى» 229 - ، 233 - بەتلەر.

(4) پوتيومكىن: «دىپلوماتىيە تارىخى» بىرىنچى توم 2 - قىسىم، 1016 - بەت، سەنلىيەن كىتابخانىسى، 1979 - يىلدىكى تەرجىمە نۇسخىسى.

(5) تىخونوپ: «ياقۇپبەگنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ئائىت بەزى مەسىلىلەر» سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ماقالىلار مەجمۇئەسىدە بېسىلغان، 16 - توم، 1958 - يىل.

(6) «توغرا شەرھى» 232 - ، 187 - بەتلەر.

(7) «ياقۇپبەگنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ئائىت بەزى مەسىلىلەر».

(8) «سوۋېت ئىتتىپاقى بۈيۈك قامۇسى» (ئىككىنچى نەشرى) 39 - توم 134 بەت، موسكۋا 1956 - يىل.

(9) «ياقۇپبەگنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ئائىت بەزى مەسىلىلەر».

(10) «توغرا شەرھى» 220 - ، 222 - بەتلەر.

(11) ئوخشاش 221 - ، 222 - بەتلەر

(12) «توغرا شەرھى» 231 - ، 232 - بەتلەر.

(13) ئوخشاش 219 - ، 222 - ، 203 بەتلەر،

(14) ئوخشاش 209 - بەت، 223 - بەت.

(15) «دىپلوماتىيە تارىخى» بىرىنچى توم ئىككىنچى قىسىم 1017 - بەت.

(16) «توغرا شەرھى» 187 - بەت.

(17) «دىپلوماتىيە تارىخى» بىرىنچى توم، ئىككىنچى قىسىم، 1017 - بەت.

(18) «توغرا شەرھى» 231 - بەت.

(19) «دىپلوماتىيە تارىخى» بىرىنچى توم، ئىككىنچى قىسىم، 1017 - ، 1018 - بەتلەر.

(20) خۋاستوۋ: «دىپلوماتىيە تارىخى» ئىككىنچى توم، 1 - قىسىم، 279 - بەت. سەنلىيەن كىتابخانىسى، 1979 - يىلى تەرجىمە نۇسخىسى.

(21) «توغرا شەرھى» 257 - بەت.

(22) ئوخشاش 240 - ، 249 - بەتلەر.

(23) 〃 〃 〃 〃 263 - ، 264 - بەتلەر.

(24) 〃 〃 〃 〃 〃 〃 186 - بەت. ئىلاۋە: بۇ ئىش (ياقۇپبەگ كېنەسارىنىڭ ئوغلىنى قوشۇنىغا قوبۇل قىلىپ، رۇسلارغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا يولىيورۇق بەرگەن) ھەقىقەتەن شۇنداق بولغانمۇ؟ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە توغرى كېلىدۇ.

(25) «توغرا شەرھى» 188 - بەت.

(26) يۇقۇرىقىغا ئوخشاش.

(27) تېرېنتىيېۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بويسۇندۇرۇلۇش تارىخى» 2 - توم، 23 - بەت.

(28) يۇقۇرىقىغا ئوخشاش، 47 - بەت.

(29) 〃 〃 〃 〃 34 - بەت.

(30) 〃 〃 〃 〃 〃 〃 36 - بەت.

(31) «سوۋېت ئىتتىپاقى بۈيۈك قامۇسى» (ئىككىنچى نەشرى) 39 - توم، 134 - بەت.

(32) «سوۋېت ئىتتىپاقى بۈيۈك قامۇسى» (ئۈچىنچى نەشرى) 30 - توم، 488 - بەت، 1978 - يىلى، موسكۋا.

(33) كورىيېۋىچ: «چوڭ خەنزۇچىلىق شوۋىنىزمى ۋە 18 -، 19 - ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر» «تارىخ مەسىلىلىرى» ژورنىلى 1974 - يىل 9 - سان.

(34) سوۋېت «خەلقئارا تۇرمۇش» ژورنىلى 1972 - يىل، 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(35) تىخۋىنسكى: «جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى» 313 - بەت. سەنلىيەن كىتابخانىسى، 1974 - يىل نەشرى.

(36) پروخوروپ: «سوۋېت - جۇڭگو چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا» 142 - 143 - بەت. شاڭخۇ نەشرىياتى، 1977 - يىل نەشرى. تەرجىمە نۇسخىسى.

(37) ژوكوپ ۋە نارودنىتسكىلارنىڭ «يىراق شەرق خەلقئارا مۇناسىۋەتلىرى تارىخى» 1 - قىسىم، 191 - بەت. شاڭخۇ نەشرىياتى 1976 - يىل. تەرجىمە نۇسخىسى.

(38) «سوۋېت - جۇڭگو چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا» 143 -، 146 - بەتلەر.

(39) «چوڭ خەنزۇچىلىق شوۋىنىزمى ۋە 18 -، 19 - ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر».

(40) «سوۋېت - جۇڭگو چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا» 146 - بەت.

(41) «يىراق شەرق خەلقئارا مۇناسىۋەتلىرى تارىخى»، 192 - بەت.

(42) «كوممۇنىزم تۇغى گېزىتى» نىڭ 1973 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(43) كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى كۆرەلمىدىم. نەقىل كەلتۈرۈلگەنلەر «كوممۇنىزم تۇغى گېزىتى» نىڭ 1982 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان م. كىبروپنىڭ «ئۇيغۇر خەلقى توغرىسىدىكى باھالىق تەتقىقات» دېگەن ماقالىسى (يولداش لىۋپىڭنىڭ تەرجىمىسى) ۋە ئالمۇتا رادىيو ئىستانسىسىنىڭ 1982 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە شەھەر دۆلىتى» دېگەن كىتابنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىغا بېغىشلاپ ئېلان قىلغان ماقالىسىدىن ئېلىندى.

(44) خوجايوپ: «چىڭ ئىمپېرىيىسى، جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «چىڭ ئىمپېرىيىسى» دەپ ئېلىندۇ) 13 - بەت، 1979 - يىل

موسكۋا. ماقالىدا ۋاڭ پېي، چېڭ جىجۇ، جى ۋېنخۇي، شيۇتيەنلىڭ يولداشلارنىڭ تەرجىمىلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

(45) «چىڭ ئىمپېرىيىسى» 88 –، 89 – بەتلەر.

(46) يۇقۇرقىغا ئوخشاش، 9 – بەت.

(47) بۇرهان: «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا». «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1979 – يىل 1 – سانىغا بېسىلغان.

(48) «چىڭ ئىمپېرىيىسى»، 13 – بەت.

(49) « " " " "، 36 – بەت.

(50) شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئىككىنچى قىسمىغا. تەپسىلى قارالسۇن. 1980 – يىللىق نەشرى.

(51) دۇبروۋىن: «پرژېۋالىسكىنىڭ تەرجىمە هالى»، قوشۇمچىسى.

(52) «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى، ئىليار خوجانىڭ ۋاپاتى ۋە بەگلەرنىڭ مۇستەقىللىغى» شىپۇگراپ نۇسخىسى.

(53) «تارىخىي ھەمىدىيە» ئىككىنچى قىسىم، 39 – بەت ۋە نامەلۇم ئاپتورنىڭ چاغاتاي تىلىدىكى قولىيازمىسى: «ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشى توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرىلەر» «شىنجاڭ دىنىي ماتېرىياللىرى» ژورنىلىنىڭ 6 – سانىدا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان.

(54) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئىككىنچى قىسىم، 170 – بەت.

(55) «ياقۇپبەگنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ئائىت بەزى مەسىلىلەر».

(56) «چىڭ ئىمپېرىيىسى» 10 –، 11 – بەتلەر.

(57) «تارىخىي ھەمىدىيە» ئىككىنچى قىسىم، 122 – بەت.

(58) «چىڭ ئىمپېرىيىسى»، 13 – بەت،

(59) يۇقۇرقىغا ئوخشاش، 3 – بەت.

(60) «چىڭ ئىمپېرىيىسى»، 10 – بەت.

(61) جى داچۇن: «ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭ يوقۇتۇلىشى توغرىسىدا» «تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1979 – يىل، 3 – سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(62) «تارىخىي ھەمىدىيە» ئىككىنچى قىسىم، 160 - بەت.

(63) بېلىيۋ: «كەشمىر ۋە قەشقەر» 1977 - يىل سانت پېتېربۇرگ نەشرى.

(64) «چىك ئىمپېرىيىسى»، 12 - بەت.

(65) يۇقۇرقىغا ئوخشاش، 55 - بەت، 7 -، 8 - بەتلەر.

(66) «تارىخىي ھەمىدىيە» ئىككىنچى قىسىم، 25 - بەت.

(67) «ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشى توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرىلەر».

(68) بائۇلجىر: «ياقۇپبەگ تەرجىمە ھالى»، 127 - بەت.

(69) يۇقۇرقىغا ئوخشاش، 244 - بەت.

(70) «تارىخىي ھەمىدىيە» ئىككىنچى قىسىم، 84 -، 85 - بەتلەر.

(71) «ياقۇپبەگ تەرجىمە ھالى»، 123 - بەت.

(72) «چىك ئىمپېرىيىسى»، 104 - بەت.

(73) (74) بۇرھان: «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا».

تۇرسۇن رەست تەرجىمىسى